شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇدا 3 نۆۋەت ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال

1

2011

# ئىلى دەرياسى

伊犁河 ILI RIVER



ISSN 1005-8710

# بۇ ساندا

## بوسۇغا

بىز ئارمان قىلغان ئەدەبىيات........................................ (04)

## نەسرىي ئەسەرلەر

ئانار ( ھېكايە )..............................غەيرەت ئاسىم (05)
مېنىڭ ئاغىنەم ( ھېكايە ) ..........................ئابدۇۋەلى قادىر (14)

## شېئىرلار

ھايات لىرىكىلىرى..............................قاسىم سىدىق (24)
سونېتلار.......................... سىدىق تۇرسۇن سادىرۇف (26)
بالبالتاشقا ئايلىنارمەن..............................زامانىدىن پاكزات (28)
رۇبائىيلار..............................ئىمام باسىت مەۋجۇت (30)

## ئەسەر ۋە باھا

ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ھۆرمەتلەيلى..............................مەمتىمىن ھوشۇر (36)
«ئىلى دەرياسى» نى بويلاپ..............................ئەكرەم ئابدۇمىجىت (40)
ئەزىمەتلىرىمىزگە بىر ئالقىش..............................ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (53)
سەنئەتكارنىڭ ئۆمۈر داستانى..............................مۆمىن مۇھەممىدى (56)

## مۇھاكىمە مۇنبىرى

تېيىپجان ئېلىيېۋ: بەدىئىي ماھارەت..............................بوغدا ئابدۇللا (31)
پەرھات ئىلياسنىڭ يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرى..... نۇرمۇھەممەد تۇرسۇن ئالىپ ئوغۇز (43)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: غەيرەت ئاسىم

代主编： 阿拉提·阿斯木

**تەھرىر ھەيئەتلىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابدۇساتتار ناسىرى، ئابلىز ھوشۇر، ئابدۇرۇسۇل سېيىت، ئەكبەر قادىر، ئەسئەت ئابدۇرېشىت، تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن، دولقۇن روزى، شاكىرجان ئېلاجى، غەيرەت ئاسىم، قېيۇم سوپى، مۇھەممەتجان سادىق، مۇھەممەتجان راشىدىن.**

## مەن بىلەن مېنىڭ

يىراق ئەمەسمىز دۇنيا سېنىڭدىن(چاتما شېئىرلار).......................ئىلغارجان سادىق (62)

## كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز

ھېكايەت چاڭمۇزا يۇسۇفخان(داستان)..........................موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمى (66)

## تارىختىن سۆز

ئىلى ۋىلايىتى تارىخى.....................نەزەر غوجا ئابدۇسېمەتوۋ (ئۇيغۇر بالىسى) (81)

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: سالچىلار ( ماي بوياق رەسىم ) ئابدۇرېشىت خېلىل سىزغان
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تارقىتىش خادىمى: خالمۇرات قېيۇمبەگ (تەكلىپ قىلىنغان)، تېلېفون: 13899717142
كومپيوتېر مەشغۇلاتىدا: ئىليار مەمتىمىن
بۇ ساننىڭ نۆۋەتچى مۇھەررىرى: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم
ئېلخەت ساندۇقى: ilideryasi@163.com

# ئىلى دەرياسى 伊犁河

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ | 主管:伊犁哈萨克自治州文联
«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزىدى | 编辑:《伊犁河》杂志维文编辑部
«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى | 出版:《伊犁河》杂志社
«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى | 印刷:伊犁日报印刷厂
ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ | 发行:伊犁州邮政局
جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە پارچە سېتىلىدۇ | 订购:各地邮政局

خەلقارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1005-871 国际标准刊号:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65-1057/I 国内统一连续出版物号:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 75 - 58 邮发代号:58–75
تېلېفون نومۇرى: 0999-8021205 电话:
ئادرېسى: غۇلجا شەھەر جەنۇبىي ئازادلىق يولى 52 ـ نومۇر 地址:伊宁市解放南路 52 号
پوچتا نومۇرى: 835000 邮政编码:
يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن 单价:6.00 元

# هكايەت چاگموزا يۇسۇفخان



## موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمى

نەشرگە تەييارلىغۇچى:نىجات سوپى



دوتسېنت، دوكتور نىجات سوپى 1968-يىلى 9-ئايدا تېكەس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1990-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن تېكەس ناھىيەلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1992-يىلى 3-ئايدا ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى ۋە يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. 2001-يىلىدىن 2004-يىلىغىچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى ئىستىلىستىكا يۆنىلىشى بويىچە ماگىستېر ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇپ تاماملىغان. 2007-يىلىدىن 2010-يىلى 7-ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى پاكۇلتېتىدا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى كەسپى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى يۆنىلىشى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇپ تاماملىدى. بۇ ئارىلىقتا 2009-يىلى 10-ئايدىن 2010-يىلى 4-ئايغىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىستانبۇل شەھرىدىكى يىلدىز (يۇلتۇز) تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى پاكۇلتېتىدا يېرىم يىل بىلىم ئاشۇردى. 2010-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پەنى پوستدوكتور پەن-تەتقىقات كۆچمە پونكىتىدا «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق تېمىدا پوستدوكتور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

دوكتور نىجات سوپى ئىلگىرى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلغان، 2003-يىلى ئۇنىڭ «سۆيگۈ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. كېيىنكى يىللاردا ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى، ھازىرغىچە 20 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. 2006-يىلى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، 2008-يىلى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە ماگىستېر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى قىلىپ بەلگىلەندى. 2008-يىلى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. يېقىندا «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق يەنە بىر ئىلمىي ئەسىرى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

دوكتور نىجات سوپى ھازىر نۇقتىلىق ھالدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ

بارماقتا. يېقىندا ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا تىلى ۋە يەتتەسۇ رايونىدا رادلوف، پانتۇسوف قاتارلىق رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ئىلى شېۋىسىگە ئائىت بىر قىسىم داستان، چۆچەك، ماقال-تەمسىل، بېيىت، تېپىشماق، بالىلار ئويۇنلىرى قاتارلىق ژانىرلاردىكى ماتېرىياللارنى ئارقا-ئارقىدىن نەشرگە تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشردىن چىقىۋاتقان «بۇلاق»، «مىراس»، «تىلى دەرياسى» «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللارغا سۇندى.

«ھىكايەت چاكموزا يۇسۇفخان» ناملىق بۇ ئەسەر 19-ئەسىردە ئىلىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق رېئالىزىمچى ئەدىب موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ (نازىمى)نىڭ «غەزەلىيات» توپلىمى ۋە «غازات دەر مۈلكى چىن»، «نۇزۇگۇم قىسسىسى» داستانلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن بىرىدۇر.

ئەسەر 1882-يىلى يېزىلغان، ئەسەردە يالغاندىن «خوجا» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئالداپ يۈرگەن چاكموزا (ئۇزۇن چاچ) يۇسۇفنىڭ ساختا قىياپىتى كۈچلۈك ھەجۋى تىل بىلەن ئېچىپ تاشلانغان. ئەسەر ئەينى دەۋردىكىگە ئوخشاشلا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا نادانلىق، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، ئوخشاشلا چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ياخشى دەرسلىك بولالايدۇ. ئەسەر تىلى ئاھاڭدارلىقى، ھەجۋىلىكلىكىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە باي بولۇشى بىلەنمۇ، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى سانىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەسەر تىلى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش مەزگىلىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە بولۇپ، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچلۈك ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، ئەسەر تىلىنى ئەستايىدىللىق بىلەن توغرا ئوقۇپ چۈشىنىش، ئەسەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى قىممىتىنى تولۇق تونۇش، ھەمدە ئۇنىڭغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، بىز بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ بۈيۈك شەرىپى ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىدۇر، ئەلۋەتتە.

ئاپتونوم رايونىمىزدا «ھىكايەت چاكموزا يۇسۇفخان» داستانى ئىلگىرى «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1958-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن بۇ ئەسەر مۇشۇ نۇسخا ئاساسىدا «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981-يىللىق 2-سانىدا ئۆمەر ئوسماننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم نەشر قىلىنغان. شۇندىن كېيىن يەنە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر باشقا بىر قانچە دەرسلىك كىتابقا كۆچۈرۈلۈپ بېسىلغان. 2008-يىلى يېڭىدىن تۈزۈلگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر 2-يىللىق «ئەدەبىيات» دەرسلىكىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئەپسۇسكى، بۇ نۇسخا ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى ئەسەرنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدىكى بىر قانچە جايدا بىر قىسىم مىسرالار چۈشۈرۈپ قويۇلغان چالا نۇسخىدىن ئىبارەت بولغان. ئەسەرنىڭ نەزمە قىسمى ئەسلى نۇسخىدا 328 مىسرا بولۇپ، 1981-يىلى بېسىلغان نۇسخىدا پەقەت 281 مىسرا بېرىلگەن، قالغان 47 مىسرا چۈشۈرۈپ قويۇلغان، ئاخىرىدىكى ئىككى پارچە نەسرىي ئىزاھاتمۇ بېرىلمىگەن. شۇ دەۋردە قوللىنىلغان چاغاتاي يېزىقىدىكى تېكىستنى ئوقۇپ چۈشىنىش، ھەمدە ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىش ۋە ئەسەردە ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم كونا سۆزلەر، دىئالېكت سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاشتىمۇ بىر قىسىم خاتالىقلارغا يول قويۇلغان. بۇ يەردە بۇ خاتالىقلارنى بىر-بىرلەپ ئىزاھلاپ ئولتۇرمىساقمۇ، كىتابخانلار 1981-يىلى بېسىلغان نۇسخا بىلەن بىز نۆۋەتتە تەييارلىغان بۇ نۇسخىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسىلا، بۇنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەسەرنىڭ ئالدىنقى نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ ئارىدىن يەنە 30 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى توغرا ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم كونا سۆزلەر، دىئالېكت سۆزلىرىنى تىرىشىپ توغرا ئىزاھلاش ئاساسىدا رايونىمىزدىكى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە يەنە بىر قېتىم سۇنۇشنى لايىق تاپتۇق.

ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسى 1909-يىلى رۇسىيە تاتارىستاننىڭ قازان شەھەرى دارىلئۇلۇم ۋە دارىلفۇنۇن مەتبەسىدە بېسىلغان «يەتتە سۇ ۋىلايىتىدىكى تارانچىلارنىڭ ئارىسىدا نىكولاي پانتۇسوف يېزىپ ئالغان

چۆچەكلەر، ماقاللار، تېپىشماق-جۇمباق سۆزلىرى، بېيىت، مۇخەممەس، ئاغرىقتا ۋە جىن-پەرىگە قارشى ئېيتىدىغان سۆزلەر، كونا-يېڭى ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدىكى بېيتلار» ناملىق كىتابنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى قۇرۇمى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان نۇسخىسى ئاساسىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پەنىي پوستدوكتور پەن-تەتقىقات كۆچمە پۇنكىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئىلى پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور نىجات سوپى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلاندى.

مەزكۇر نۇسخىدا، ئوقۇش ۋە سۆزلەرنى ئىزاھلاش جەريانىدا خاتالىقلار كۆرۈلگەن بولسا، كەسپداشلار ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

——— مۇھەررىردىن.

## ھكايەت جاڭگىرزا يۈسۈفخان

### موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ (نازىمى)

سۇخەن[1] ناقىلى[2] سۆز سارى[3] قىلدى ئەرم،
گۈلىستان نەزم ئارا قىلدى بەزم.
كى تارىخ نەبىغە[4] ھەزارۇ[5] دۇ[6] سەد[7]،
ۋە پەنجا[8] ۋە ھەشەددا[9] ئەردى ئەدەد.[10]
يىلى ئەردى ئات، ئايغا ئەردى سەفەر[11]،
خوجام كەلدى دەپ خەلقغە بولدى خەبەر.
كەلىپدۇر خوجا كەنت كەتمەن[12] ئارا،
خوجام كەلدى دەپ خەلق قىلىپ ماجەرا[13].
تەمام خەلق كەلىشىپ تەۋاف[14] ئەيلەشىپ،
بەرىپ نەزرى بىسيار[15] سەۋاب ئەيلەشىپ.
سوراپ ئاندا خەلقلەر خوجام ئاتى كىم،
كى ئەۋلادى كىم، ئاتى كىم، زادى[16] كىم.

---

[1] سۇخەن - سۆز، نۇتۇق.
[2] ناقىل - نەقىل قىلغۇچى، ئېيتقۇچى، يەتكۈزگۈچى.
[3] سارى - تەرەپ، تامان، ياق.
[4] نەبى - پەيغەمبەر.
[5] ھەزار - مىڭ.
[6] دۇ - ئىككى.
[7] سەد - يۈز.
[8] پەنجاھ - ئەللىك.
[9] ھەشەد - سەككىز.
[10] ئەدەد - سان، ساناق، ھېساب. (يۇقىرىدىكى تۆت مىسرادىكى سۆزلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ھىجرىيە 1258-يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ مىلادى 1842-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.)
[11] سەفەر - ھىجرى تارىخ يىلىدا 2-ئاي.
[12] كەتمەن - يەر نامى، ھازىرقى قازاقىستان تەۋەلىكىدە.
[13] ماجەرا - يۈز بەرگەن ئەھۋال، جاڭجال، ماجىرا.
[14] تەۋاف - تاۋاب، زىيارەت.
[15] بىسيار - تولا، بىر تالاي.
[16] زاد\زات - بالا، پەرزەنت، ئەۋلاد.

دېدى ئىسمى رەسمىم يۇسۇفخان خوجا،
ئاتامىزنىڭ ئاتى ئۆمەرخان خوجا.
بۇ سۆزنى ئىشتىپ[17] تەمامى ئەبد[18]،
بۇ چاگموزەغە بولدى شۇلدەم مۇرىد.
خەلايىق كەلىشىپ قىلىپ گىريە زار[19]،
خۇسۇسەن، روزە مۇئەززىن[20] بولۇپ بىقەرار.
بۇ چاگموزەغە تۇرفە[21] ئىخلاس ئېتىپ،
ئۆزىنى بۇلار چاكارى[22] خاس ئېتىپ.
ئالىپ يۇردى چاگموزەنى ئۆيمۇ-ئۆي،
جەھانغە سالىپ شورەشى[23] هاي-هۇي.
ئاچانوقۇ[24] خەلقى خوجام كەلدى دەپ،
كى شۇكقار ئېلىگە دۇئا بەردى دەپ.
كى دارتامتۇ، غالجات، دولاتۇ ئېلى،
خۇنۇخاي، ئىكى[25] بۇغرا[26] خەلقى خېلى.
خاتۇن-قىزلارىنى قىلىشىپ نىياز[27]،
بۇ چاگموزە بىرلە دېيىشىپ كى راز[28].
قاسىم شەيخ بىرلە شەيخ دۇرۇ قۇلى،
باقى شەيخ، مەمەكلەر بولۇپدۇر قۇلى.
جۇ ئاخۇن كى تۇڭگانلار خەلفەسى،
كى چاگموزەغە قىلدى ئىخلاس بەسى[29].
كى تۇنگان، چانتۇ ئىشتىپ تەمام،
بۇ چاگموزەغە خىزمەت ئەتتى مۇدام[30].
كى دەۋلەت نەزەر ، باقى شەيخ، مەمەك،
«خوجام» دەپ بۇلار قىلدى ئوقەتنى تەرك.
سەتى ئەبۇلئەزىز، قەمەرىدىن يۇز بەگى،
مىرئالىم شەيخۇل بەگ، ئەمىن يۇز بەگى.
ئوسمان غەزنەچى بىرلە، يولداش مىراب،

[17] ئىشتمەك - ئاڭلىماق.
[18] ئەبد - بەندە.
[19] گىريە\گىريە زار - يىغا-زار، كۆز يېشى تۆكۈش.
[20] مۇئەززىن - مەزىن، ئەزان ئېيتقۇچى.
[21] تۇرفە - ئاجايىپ.
[22] چەكار - چاكار، خىزمەتكار.
[23] شۇرەش\شورىش - غەۋغا، توپىلاڭ؛ هاياجان.
[24] ئاچانوقۇ - يەر نامى، هازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدە. (چوڭ-كىچىك كەتمەن يېزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)
[25] ئىكى - ئىككى.
[26] دارتامتۇ، غالجات، دولاتى، خۇنۇخاي، ئىككى بۇغرا (چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا) - يەر ناملىرى. دارتامتۇ (داردامتۇ) هازىر قازاقىستان تەۋەسىدە. دولاتى، خۇنۇخاي، چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا قاتارلىقلار هازىرقى چاپچال ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. غالجات قازاقىستان تەۋەسىدە.
[27] نىياز - تەقدىم، هەدىيە.
[28] راز - ئىچكى سىر.
[29] بەسى - تولا، كۆپ.
[30] مۇدام - هەمىشە، دائىم.

«خوجام كەلدى» دەپ كۆزىدىن تۆكتى ئاب.
ۋەلى خوجا دەپ قىلمادى[31] ئېتىقاد،
كى ئىخلاس قىلىپ، قىلمادى ئىنقىياد[32].
قىلىپ ئېتىقاد شەيخ دەۋلەت نەزەر،
تەمامى خەلايىققە قىلدى خەبەر.
ئالىپ يۈردى چاڭمۇزەنى ئۆيمۇ-ئۆي،
كى خەلق نەزرى ئەيلەپ تىۋە[33]، ئات، قوي.
تولۇپ بۇ خەبەر بۇ ئىلا[34] شەھرىگە،
تۇشىپ غۇلغۇلە چۇن[35] بىر بەھرىگە.[36]
كىچىك-چوڭ خەلايىق تەمام ئاڭلادى،
بارىپ تەۋاپ ئېتەلى دىبان چاغلادى.
بىلال بۇ زەماندا ئىدىلەر كىچىك،
كىچىكلىكىدە ھەم ئەيلەر ئەردى پۈتىك.[37]

چاڭمۇزەغە خەلايىقلار ئىخلاس ۋە ئەقىدە قىلاشىپ، ھەر تەرەپدىن نەزرى-نەزۇر ئالىپ كەلىپ دۇئالار ئالغانى. چاڭمۇزە ئۆيىنىڭ ئىچىگە پەردە تارتىپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ، خەلايىقلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتمەي ياشۇنغانى[38]. خەلايىقلار بۇ كىشى ئۇلۇغ خوجا ئىكەن دەپ ئەقىدە-ئىخلاسى زىيادە بولغانى.

نەزم

رىۋايەت قىلۇر راۋىيى نۇكتەدان[39]،
كى چاڭمۇزەدىن مەن قىلاي سۆز بەيان.
دېدى بىر كۇنى ئۇشبۇ چاڭمۇزە نىز:[40]
«ماڭا راسلاڭىز خالىرەك ئۆينى تېز.
بۇ ئۆيگە كىرىپ مەن ئىبادەت قىلاي،
مۇرىد بولسە ھەر كىم ماڭا قول ئالاي».
بۇ سۆزنى ئىشىتىپ تەمام خاسۇ ئام[41]،
تاپىپ خالى ئۆينى قىلىپ ئېھتىمام[42].
قىزىل پەردە تارتىپ بۇ ئۆي ئىچرە تېز،
يۈزىگە نىقاب تارتتى چاڭمۇزە نىز.
بۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرەلمەي كىشى،
يەساۋۇلغە ئەيتۇر، كى بولسە ئىشى.

[31] بۇ ئىككى مىسرادا ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىز شەكىلدە كېلىشى ئەسەر مەزمۇنى بىلەن سىغىشمايدۇ.
[32] ئىنقىيات - بويسۇنۇش، تەۋە بولۇش، ئىتائەت.
[33] تىۋە - تۆگە.
[34] ئىلا - ئىلى؛ غۇلجا.
[35] چۇن - ئوخشاش، كەبى.
[36] بەھر - دەريا، دېڭىز.
[37] پۈتىك - پۈتۈك، خەت، خاتىرە.
[38] ياشۇنماق - يوشۇرۇنماق، بېكىنمەك، پىنھان بولماق.
[39] راۋىيى نۇكتەدان - ھېكمەت سۆزلىگۈچى، رىۋايەت قىلغۇچى.
[40] نىز - يەنە، ھەم.
[41] خاسۇ ئام - كۆپچىلىك.
[42] ئېھتىمام- ئەھمىيەت بەرمەك.

بۇ ھەيبەتنى كۆردى تەمام ئامۇ خاس،
ئەدەب ساقلاشىپ كىرمەيىن جۇملە ناس[43].
ئەگەر ئەرزى بولسە دەيەلمەي ئاگا،
كى بەلكى قىلالماي، كى چۇنۇ چەرا[44].
ئانىڭ ھەيبەتىدىن بۇ خەلق قورقۇشىپ،
سىپاھگەرلىكى[45] بەلكى ھەددىن ئاشىپ.
خەلايىق بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ھەر ئايماق-ئايماق زىيارەت قىلىپ.
خەلايىق قىلىپ بىر-بىرىگە خەبەر،
بۇ چاگموزەغە بەردى سىم[46] بىرلە زەر.
بۇ چاگموزەغە بارچە ئادەم كەلىپ،
بەرىپ نەزرى بىسيار، دۇئالار ئالىپ.
«خوجام، ئاھ خوجام» دەپ تەمام خاسۇ ئام،
كى ئاھۇ فىغانلار قىلىشىپ تەمام.
ھەمە مال-ئەمۋالىنى[47] قىلدى فەدا،
دېيىشىپ بولۇر بىزگە دەپ رەھنەما[48].
قىلىپ خىزمەتىن بارچە ئارمان بىلەن،
قايۇ[49] ئىشنى بۇيرۇر، قىلۇر جان بىلەن.
بولۇپ خىزمەتىدە تەمامى كىشى،
مۇنىڭ خىزمەتىن قىلماق ئولدى ئىشى.
بىلال سۆزنى ئاز-ئاز قىلىڭ، مۇختەسەر[50]،
ئۆتۈپدۇر ھەر ئىشدىن بىرىڭ تېز خەبەر.

ئەلقىسسە، ئىلا شەھرىدە بىر شەيخ زەمان ۋەلى يەزدان مۇھىب خۇدائى شەيخ مۇھەممەد گادائى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھنىڭ بىر ئوغلى قالغان ئەردى. ئاتىنى ئابدۇشەرىف ئاخۇن دەرلەر ئەردى. ياش، نەۋجەۋان[51]، دىلسۆز[52] زەمان ئەردى. سىياھ[53] رىش[54]، ئاھۇ[55] چەشمە[56]، شىرىن زەبان[57]، ماھى تابان[58] سىفەت[59] ئەردى. خۇش

---

[43] جۇملە ناس - ھەممە كىشى.
[44] چۇنۇ چەرا - ئۇزۇلمەس تالاش، بەس-مۇنازىرە؛ نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن.
[45] سىپاھگەرلىك - ئەمەلدارلىق كىبىرى.
[46] سىم - كۈمۈش.
[47] ئەمۋال - «مال» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى، ماللار، ئەشيالار، مال-دۇنيا.
[48] رەھنەما - يول كۆرسەتكۈچى.
[49] قايۇ - قايسى.
[50] مۇختەسەر - قىسقىراق.
[51] نەۋ جەۋان - ياش يىگىت، يىگىت.
[52] دىلسۆز - يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى؛ دىلى كۆيگەن، يۈرىكى ئۆرتەنگەن؛ جانكۆيەر، غەمخور، مېھرىبان.
[53] سىياھ - قارا.
[54] رىش - ساقال، قىل.
[55] ئاھۇ - كېيىك.
[56] چەشم - كۆز.
[57] زەبان - تىل، نۇتۇق، زۇۋان.
[58] ماھى تابان - پارلاق، نۇرلۇق ئاي.
[59] سىفەت - سۈپەت.

روي[60] ۋە خۇشخۇي، شىرىن كەلام[61] ئەردى. بۇ ئەر دائىم زىكىر[62] ئاللاھنى ۋەرد[63] قىلىپ، ئەسنا[64] ئەشرىنى[65] ئەبەس[66] ئۆتكۈزمەس ئەردى. گاھ-گاھ تىجارلىق[67] ھەم قىلۇر ئەردى.

### نەزم

بار ئەردى ئىلا ئىچرە ئەھلى سەلەف[68]،
ئۇلاردىن قالىپ ئەردى نىكۇ خەلەف[69].
خەلەف ئىسمى ئەردىكى ئابدۇلشەرىف،
خىرەدمەندى[70] ھەر بابدا ئەردى زەرىف[71].
مۇدام ياد ئەتىپ زىكرى ئاللاھنى،
دەۋامەت ئوقۇپ قۇلھۇۋەللاھنى.
دىلىغە خۇدا يادىنى زەم قىلىپ[72]،
خۇدا خەۋپىدىن كىرپىكىن نەم قىلىپ.
يەنە گاھ-گاھى تىجارەت ئۈچۈن،
قىلۇر ئەردى سودا خىراجەت ئۈچۈن.
بار ئەردى خۇنۇخايدا ئاشنالارى،[73]
ھۇسەيىن خوجا دەپ دىل ئاگاھلارى[74].
بۇ ئابدۇشەرىف ئاخۇنۇم بىر كۈنى،
خەرىد ئەيلەدى[75] نەچە رەڭ دارۇنى.[76]
ئالىپ ئۇد، ئەنبەر، ئىپار، زەپەران،
لاچىندانە، دارچىن، سەدەپ، مامىران.
كى ئۇستىخۇددۇس، بەھمەن، تۇدرى،
بالادۇر، رەۋەند، نىلۇفەر، كۇندۇرى.
سۆرۈنجان، خولىنجان، كاbabە، سەلىخ،
بىنەفشە، سانا، بادىيان، تەبىخ.
كەبىر، كەرەپشە ۋە سەندەلى سەپىد،

---

[60] خۇش روي -خۇش چىراي.
[61] كەلام - سۆز، گەپ، نۇتۇق.
[62] زىكىر - سۆزلەش، تىلغا ئېلىش، بايان قىلىش.
[63] ۋەرد - قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل.
[64] ئەسنا - زامان، پەيت، چاغ، ۋاقىت.
[65] ئەشىر - ئوندىن بىرى.
[66] ئەبەس - بىھۇدە،پايدىسىز، ئورۇنسىز، بىكار، بىكارغا.
[67] تىجارلىق - تىجارەت.
[68] ئەھلى سەلەف - ياخشى ئاتىنىڭ باللىرى.
[69] نىكۇ خەلەف - ياخشى ئەۋلادلار.
[70] خىرەدمەند - ئەقىللىق، دانا.
[71] زەرىف - پاك، پاكىز، گۈزەل، خۇش مىجەز، خۇش چاقچاق؛ ھوشيار، ئەقىللىق.
[72] زەم قىلماق - قوشماق، جەملىمەك، يۆكلىمەك.
[73] ئاشنا - دوست، بۇرادەر.
[74] دىل ئاگاھ - كۆڭلى تۇيغان، دىلى سەزگەن.
[75] خەرىد - سېتىۋالماق.
[76] دارۇ - دورا.

كى ئەسفەر زاك، جىنتيانا، ھەدىد[77].
دۇرۇيۇ تەۋار[78]، بەقەسەم، شايەلەر،
خوتەن زىلچەسى، رەخت، چىراغپايەلەر[79]،
قۇلۇپۇ، قوبۇزۇ، كى زەنجىر، شىكال،
كى يىگنە، تەمۇنە[80]، سەلاسىل[81]، غەلال[82].
بۇلارنى ئالىبان كېمەدەن ئۆتۈپ،
بارۇر ئەردى ئاتغە بۇلارنى يۈدۈپ.
كى ھەمراھ بولۇپ يولدا ئىكى كىشى،
كى چاگموزەغە بارماق ئەردى ئىشى.
بۇ چاگموزەنىڭ ۋەسفىنى[83] سۆزلەشىپ،
ئانىڭ خىزمەتىن قىلغالى كۆزلەشىپ.
شەرىف ئاخۇن ئەيددى: «ئايا ئىكى تەن،
كى تەئرىف[84] قىلۇرسەن قايۇ تەننى سەن؟»
بۇلار ئەيدى: «كەلمىش خوقەندىن[85] خوجام،
ئاتىنى ئاتايدۇر يۇسۇفخان خوجام.
ئىشتىپ كۆرەي دەپ بارۇرمىز» دېدى،
«خوجامنىڭ دۇئاسىن ئالۇرمىز» دېدى.
شەرىف ئاخۇن ئۇيناپ دېدى: «ئەي كىشى،
مەنىڭ بىرلە باردۇر خوجانىڭ ئىشى.
بارىپ مەن خوجاگنى تۇتارمەن» دېدى،
«كى ئەژدەر سىفەتلىك يۇتارمەن» دېدى.
ئۇيۇنغە سالىپ قىلغان ئەردى بۇ سۆز،
خوجاسىغە يەتتى ئىكەۋ[86] دوۋە يۈز.
كىرىپ ئىكەۋ چاگموزەنىڭ قاشىغە،
قولىنى قويۇپ يىغلادى باشىغە.
بۇ چاگموزە ئەيتۇر: «نە يەردە شەھەر،
شەھەر سارىدە نە ئىكەنمىش خەبەر؟»
دېدى ئىكىسى:[87] «ئەي خوجام ئاگلايىگىز،

[77] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئۇد، ئەنبەر، ئىپار، زەپىران، لاچىندانە، دارچىن، سەدەپ، مامىران، ئۇستۇقۇددۇس، بەھمەن، تۇدرى، بالادور، رەۋەن، نىلۇپەر، كۇندۇر، سۆرۈنجان، خۇلىنجان، كابابە، سەلىخ، بىنەپشە، سانا، بادىيان، تەبىخ (قايناتما)، كەبىر، كەرەپشە، سەندەلى سەپىد (ئاق سەندەل)، ئەسفەر زاك (سېرىق زاك)، جىنتيانا، ھەدىد» قاتارلىقلار ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم قوللىنىلىدىغان دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ناملىرىدۇر.
[78] دۇرۇيۇ تەۋار - تاۋار-دۇردۇن.
[79] چىراغپايە - يەنى چىراغپاي، چىراغدان.
[80] تەمۇنە - چوڭ يىگنە.
[81] سەلاسىل - كىشەن، زەنجىر، كويزا.
[82] غەلال - «غۇل»نىڭ كۆپلۈك شەكلى، كىشەن، بويۇنتۇرۇق، زەنجىر ھالقا.
[83] ۋەسف - تەرىپلەش، ماقتاش، سۈپەتلەش.
[84] تەئرىف - تەرىپلىمەك.
[85] خوقەن - يەنى قوقان، شەھەر نامى، ھازىرقى ئۆزبەكىستان تەۋەلىكىدە.
[86] ئىكەۋ - ئىككى، ئىككىسى.

دۇچار ئۇلدى بىزلەرگە بىر باتەمىز.[88]
كى بىزگە خوجاڭنى تۇتارمەن دېدى،
كى ئەژدەر بولۇبان يۇتارمەن دېدى.
مۇنى دەپ كى چوقۇردا[89] قالدى شۇل ئەر،
كى بىز تېز كەلىپ سىزگە بەردۇك خەبەر.»
بۇ چاڭموزە دېدۇر: «ئانىڭ ئاتى كىم،
كى ئەۋلادى كىم، ئاتى كىم، زاتى كىم؟»
دېدىلەر: «ئىمىش ئاتى ئابدۇشەرىپ،
ئۆزى باخىرەد[90]، نەۋجەۋان هەم زەرىپ».
شەرىپ ئاتىنى ئاڭلاپ بۇ چاڭموزە تېز،
يۈرەكى ئاغىپ بولماق ئۇلدى گۈرېز[91].
چەراكى[92] شەرىپ باي دېگەندىن بۇ مەرەز،
ئالىپ قاشقان ئەردى بۇ چاڭموزە قەرز.
شەرىپ بايدىن ئالمىش تۈمەن تەڭگە پۇل،
شەرىپ باي كەلىپدۇر دەپ ئۇلدى مەلول[93].
مەنى تۇتقالى كەلدى دەپ خەۋپ ئەتىپ،
بۇ چاڭموزەنىڭ باشى قالدى قاتىپ.
دېدى: «ئاه ئۇرۇپ ئول مەنىڭ دۇشمەنىم،
ئانى قەتل قىلغان كىشىدۇر جانىم.
ئانى ئۆلتۇرۇر بولسە ئول باشىمىز،
دۇ ئالەمدە[94] بولغاي قارىنداشىمىز.»
مۇنى ئاڭلادىلار باقى شەيخ، مەمەك،
كى دەۋلەت نەزەر شەيخ، قىلۇرغە هەلاك.
بۇ ئۈچ تەن دېدى: «ئەهدەسىدۇر ماڭا،
قىلۇرمىز شەرىپ باي باشىنى جۇدا».
بۇ چاڭموزە ئاڭلاپ بولۇپ تۇرفە[95] شاد،
دېدى: «تېز هەلاك ئەيلەڭىز كەلسە پات».
شەرىپ ئاخۇن ئانداغ قەزاغە[96] بارىپ،
قوناق بولغان[97] ئەردى مازارغە[98] بارىپ.

---

[87] ئىكەسى - ئىككىسى.
[88] باتەمىز - ئىدراكلىق، پەم-پاراسەتلىك.
[89] چوقۇر - يەر نامى.
[90] باخىرەد - ئەقىل-هوشقا ئىگە، ئەقىللىق، دانا.
[91] گۈرېز - قېچىش، قاچماق.
[92] چەراكى - كۈنكى.
[93] مەلول - مالال بولغان؛ غەمكىن، خاپا؛ قايغۇلۇق
[94] دۇئالەم - ئىككى ئالەم، يەنى پانى ۋە باقى ئالەم.
[95] تۇرفە - ئاجايىپ.
[96] قەزا - تەقدىر، تەڭرى ئىرادىسى.
[97] قوناق بولماق - مېهمان بولماق.
[98] مازار - يەر نامى، يەنى خۇنۇخاي مازار.

بۇ دەۋلەت نەزەر شەيخ، باقى شەيخ بارىپ،
ئابدۇشەرىف ئاخۇن قاشىغە كىرىپ.
مەمەك بىرلە كىردىكى، بەردى سەلام،
كى بىر-بىر كۆرۈشتى قىلىپ ئېھتىرام.
دىدى: «ئاخۇنۇم تاغدا مالدار تولا،
ئالىپ بارسا سودانى تاغقە بولا.[99]
كى مالدار كىشى سودانى كۆپ ئالۇر،
كى بىر پۇلغە ئون پۇلچە نەپئى[100] بەرۇر.
تاۋار، زىلچەلەرنى ئالىپ، قوي بەرۇر،
بەش-ئون ئاقچەلىق سوداغە ئۆي[101] بەرۇر.»
شەرىف ئاخۇن ئەيدى: «يولىدۇر قايان،
بولۇپدۇر كېچە ئەرتە بولغۇم رەۋان.»
بۇلار ئەيددى: «بۇ كۈندە بارماق كەرەك،
بارىمىز بارىپ سودا قىلماق كەرەك.»
بۇ ئاخۇننى زور[102] بىرلە ئاتلاندۇرۇپ،
دىگەردىن نامازشامىغەچە يول يۈرۈپ.
باقى ئات چاپىپ سەتى زەمىن بەلەند[103]،
كى بىر تاسما ئارقاننى قىلدى كەمەند[104].
كەمەندى سالىپ ئاخۇنۇم ھەلقىغە،[105]
يۇگۇرتۇپ كى سۆدرەپ[106] كەرەدۇر كەرە[107].
كى بىر مۇنچە يەرگە بۇ سۆدرەپ بارىپ،
يوغان تاش بىلە باشلارىنى يارىپ.
بۇ ئۈچ ناكەسلەر شەھىد ئەيلەدى،
ئەدەن[108] باغىنى تېز خەرىد[109] ئەيلەدى.
كى يەنچىپ بۇلار تاش بىلە باشنى،
تەنى ئۈستىگە دۆبۈلەپ تاشنى.
كى تاغنىڭ كامارىغە مەدفۇن ئېتىپ[110]،
ئۈچى مالىنى تەقسىم ئەيلەپ كەتىپ.
كى ئالماي خەلايىق بۇ ئىشدىن خەبەر،

[99] بولا - بولىدۇ، بولۇر.
[100] نەپئى - نەپ، پايدا.
[101] ئۆي - پىچىۋېتىلگەن كالا، ئۆكۈز.
[102] زور - زورلاش، مەجبۇرلاش.
[103] سەتى زەمىن بەلەند - ئېگىز يەر يۈزى.
[104] كەمەند - سىرتماق.
[105] ھەلق - تاماق، بوغۇز.
[106] سۆدرەپ - سۆرەپ، سۆرىتىپ.
[107] كەرەدۇر كەرە - قايتا-قايتا.
[108] ئەدەن - يەمەندە ئەڭ ياخشى مەرۋايىتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر ئارالنىڭ نامى.
[109] خەرىد - ۋەيران قىلماق، تالىماق.
[110] مەدفۇن ئەتمەك - كۆممەك.

تاپالماي مۇھبلار[111] خەبەردىن ئەسەر.
بۇ ئابدۇشەرىف ئاخۇن ئۆلدى نىھان،[112]
يوق ئۆلغانى خەلقلەرغە بولدى ئەيان.
«قايان باردى بولغاي بۇ ئاخۇن» دېدى،
ئانىڭ ئۆلگەننىنى كىشى بىلمەدى.
ئايا نازىمى، سىز بەرىڭ بىر خەبەر،
نەچۇك ئىش بىلە تاپتى مۇندىن ئەسەر.
خىرەد[113] كىم تەخەييۇل[114] ئاتىنى چاپىپ،
سەھايىف[115] گۇلىستانى ئۆزرە يەتىپ.
سەھايىف ئۈزە جلۋە ئەيلەپ قەلەم[116]،
بارىپ ھەر تەرەپكە سۇرۇبان رەقەم.
رەقەم[117] گۇلىستاندا گۇل ئاچىلىپ،
خىرەد غۇنچەسى ھەر تەرەپ ساچىلىپ.
لىسان[118] قۇمرىسى[119] ئاندا «كۇ-كۇ» دېدى،
نە «كۇ-كۇ» دېدى بەلكى «ھۇ-ھۇ»[120] دېدى.
زەبان تۇتىسى كىم تەكەللۇم[121] تۈزۈپ،
خىرەد بەھرىدە مىسالى غەۋۋاس ئۈزۈپ.
ھىكايەت دۇررىنى ئالىپ بەھرىدىن،
بۇ تاڭسۇق[122] ھىكايەتنى قىلدى مۇبەيان.
بولۇپ گەۋھەر سۆزنى مەن تىزغۇچى،
تىلىمدۇر بەھانە، قەلەم سىزغۇچى.
بۇ سۆز گەۋھەرىنى ئەيان ئەيلەيىن،
مۇھبلەرغە بىر-بىر بەيان ئەيلەيىن.
يۈرۈر ئەردى نەچەند[123] بالا قوي باقىپ،
ۋە بەئزەلەرى ئات، كالا-ئۆي باقىپ.
كى پەيدا بولۇپ كەلدى بىر شىر مەرد،
ياشىل جەندە بىرلە ئۆرۈپ ئاھ سەرد[124].
كى بىر دۆبە تاشنىڭ يانىغا كەلىپ،

---

[111] مۇھبلار - يېقىن كىشىلىرى.
[112] نىھان - يوشۇرۇن، مەخپى، يوشۇرۇنغان.
[113] خىرەد - ئەقىل، ھوش، پاراسەت.
[114] تەخەييۇل - خىيال قىلىش، خىيالىغا كەلتۈرۈش.
[115] سەھايىف - ۋاراقلار، سەھىپىلەر، بەتلەر.
[116] رەقەم ئەيلەمەك - يازماق، پۈتمەك.
[117] رەقەم - سان، رەقەم؛ يېزىق، يېزىش؛ مەكتۇب، نامە.
[118] لىسان - تىل.
[119] قۇمرى - تورغاي تىپىدىكى قۇش، بۇلبۇل.
[120] كۇكۇ، ھۇھۇ - قۇشلارنىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر.
[121] تەكەللۇم - سۆزلەش، پاراڭ سېلىش، سۆزلىشىش.
[122] تاڭسۇق - تەملىك.
[123] نەچەند - نەچچە، بىر نەچچە.
[124] سەرد - سوغۇق، قاتتىق، ئېغىر.

کی بىر مۇنچە تۇپراق قولغە ئالىپ.
دەر ئەردى بۇ ئادەم قىلىبان فىغان:
«ئالاي بىر قانىڭغە ھەزار قەترە قان».
کەلىپ ھەر کۇنی یىغلار ئەردی بۇ کەس[125]،
بالالار قاچىپ کەتتی ئەیلەپ کی تەرس[126].
قاچىپ کەلدىلەر ئۆیلەرىگە تەمام،
ئاتالار دېدی: «نەمە بولدۇڭ بالام؟».
دېدىلەرکی: «ھەر کۇن کېلۇر بىر کىشی،
کی ئاتمىش ۋە يەتمىشكە يەتمىش ياشی.
کی تاغنىڭ تۆپىدە قىلۇر گىریە زار،
ئىشتکەن کىشلەر بولۇر بىقەرار.
یاشىلدۇر کەیگەن ئانىڭ جەندەسی[127]،
کۇلاھی[128] یاشىلدۇر، کی ئەمامەسی[129]».
بۇلار ئاڭلاپ ئەیددی: «بىر ئەي خۇدائی،
بۇدۇر روھ پاکی مۇھەممەد گادائی.
بۇ شەیخنىڭ کی پەرزەندی ئۆلگەن ئىکەن،
ئانىڭ قانی مۇندا تۆکۇلگەن ئىکەن».
دېدی، ئاتلانىپ چىقتی نەچەند تەنان[130]،
بالالار بىلە بولدی تاغقە رەۋان.
ئوشۇل دۆبە تۇپراقنی ئاچتی ھەمان،
کی ئابدۇشەرىف ئاخۇن ئولدی ئەیان.
بۇ کەلگەن کىشلەر تانىدی کۆرۇپ،
کی قانلىغ ساقالىن کۆزىگە سۇرۇپ.
مۇھىبلەر ھەممە ئاندا تۇتتی ئازا[131]،
تۇتۇپ ماتەمىن کیيدی بارچە قارا.
مۇھىبلەر بۇ ۋاقىئەنی یازىپ تەمام،
بۇ یازۇغە[132] مۆھرىنی باسىپ تەمام.
بەرىپ نامەنی قاسىدىغە[133] ھەمان،
باقی ھاكىمبەگ ساری قىلدی رەۋان.
یۇرۇپ قاسىدی تېز، ئۆتۇپ بەھرىدىن،
کەلىپ باقی بەگ ئورداسىغە یاقىن.

---

[125] کەس - کىشی، شەخس.
[126] تەرس - قورقۇش، قورقۇنچ، ۋەھىمە، خەۋپ.
[127] جەندە - دەرۋىشلەر تونی.
[128] کۇلاھ - سوپىلارنىڭ ئېگىز باش کییمی.
[129] ئەمامە - سەللە، دەستار.
[130] تەنان - ئادەم.
[131] ئازا - ھازا.
[132] یازۇ - یازما ماتېریال.
[133] قاسىد - ئەلچی، خەۋەرچی.

يەساۋۇلغە بەردى تۇتۇپ نامەنى،
مۇھبىلەر ئىبەرگەن[134] بۇ ھەنگامەنى.[135]
يەساۋۇل ئالىپ نامەنى ناگەھان،[136]
بەنەزدىك ھاكىمبەگ ئۇلدى رەۋان.
تۇتۇپ بەردى ھاكىمغە بۇ نامەنى،
ئوقۇپ كۆردى بەگ ئۇشبۇ ھەنگامەنى.
بۇ بەگكە يەتىپ تۇرفە ھەنگامە غەم،
بۇ بەگ شادلىغى بولدى ئەندۇغە[137] زەم.
بۇ بەگ ئاتلانىپ باردى جاڭجۇڭغە[138] تېز،
ھەممە ۋاقىئەتنى بەيان قىلدى نېز.
ئىشتىپ كى جاڭجۇڭ بولۇپ دەرغەزەپ،
ھۆكۈم قىلدى چوڭلار يىغىلسۇنكى دەپ.
خەبا ئانبال، دارىن، كالا دالارىن،[139]
كەلىبان كۆرۈندى كىرىپ ھەر بىرىن.
بۇ جاڭجۇڭ بۇلارغە ئەيان ئەيلەدى،
بۇ چاڭموزە كارىن[140] بەيان ئەيلەدى.
تۇ دارىن كى تېز، تۇن كى ئاتلاندىلار،
خۇنۇخاي سارىغە يەتىپ باردىلار.
تۇتۇپ ئۇشبۇ چاڭموزەنى دەر مەھەل،
ئاياغقە كىشەن سالدى، قولغە غەلال.
كى دەۋلەت نەزەر شەيخ، مەمەك، باقى،
بۇلارنى تۇتۇپ باغلادىلەر تېخى.
قاسىم شەيخ، دەرۋاقولى شەيخنى ھەم،
تۇتۇپ قەددىنى غۇل[141] بىلە قىلدى خەم[142].
سەكسەن يۈز باشنى تۇتۇپ باغلادى،
بۇلارنى قىيىن قىلغالى[143] چاغلادى.
ئوسمان غەزنەچى بەگكە يەتتى خەبەر،
ھەراسان[144] بولۇپ ئىچتى دەرھال زەھەر.
جۇ ئاخۇنمۇ ئاڭلاپ زەھەر ئىچتى تېز،
خەلايىق كى قورقۇپ قىلىشتى گۇرېز.

[134] ئىبەرمەك ـ ئەۋەتمەك. بەزىدە «يىبەرمەك» دەپمۇ يېزىلغان.
[135] ھەنگامە ـ ھادىسە، ۋەقە.
[136] ناگەھان ـ دەررۇ، شۇ سائەتتە.
[137] ئەندۇ ـ غەم، قايغۇ، ئەلەم، دەرد، رەنج.
[138] جاڭجۇڭ ـ جاڭجۈن، گېنېرال. يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈرەدە تۇرۇشلۇق ئىلى گېنېرال مەھكىمىسىنىڭ گېنېرالىنى كۆرسىتىدۇ.
[139] مانجۇلارنىڭ ئەمەلناملىرى.
[140] كار ـ ئىش، ھەرىكەت؛ تەسىر، زەخمەت.
[141] غۇل ـ كىشەن، بويۇنتۇرۇق، زەنجىر ھالقا.
[142] خەم ـ ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن.
[143] قىيىن قىلماق ـ سوراق قىلماق، قىينىماق.
[144] ھەراسان ـ قورققان، ۋەھىمىگە چۈشكەن.

كى جاڭجۇڭ بۇ چاڭموزەنى كەلتۇرۇپ،
ئانىڭ قول - ئاياغىنى باغلاپ، تاڭىپ.
ئىكى ئىلكىدىن[145] بەند ئەيلەپ ئاسىپ،
تىلىنى تۇۋىدىن پىچاقدا كەسىپ.
پەشانەسىدىن تېرەسىنى سويۇپ،
كى خەنجەردە ئىكى كۆزىنى ئويۇپ.
ئىكى ئىلكىنى جەينەكىدىن كەسىپ،
كى چاڭگاك بىلەن ئەمچەكىدىن ئاسىپ.
كەسىپ ئاندا ئىكى ئاياغىنى هەم،
يۇرەكىغە تىغ ئۇردى بولدى ئەدەم[146].
كى دەۋلەت نەزەر شەيخ، باقى شەيخ، مەمەك،
باشىنى كەسىپ ئەيلەدىلەر هەلاك.
قاسىم شەيخ، دەرۋاقۇلى شەيخنى تېز،
كى بىجىن[147] سارىغا ئىبەردىكى نېز.
سەكسەن يۈز باشىغە ئۇرۇبان چۇبۇق[148]،
بارىنىڭ[149] بويۇنىغە سالدى قوبۇغ.[150]
ئابدۇشەرىف ئاخۇن تەنىنى ئالىپ،
كەفەنگە ئالىپ، نەئىش[151] ئۆزرە سالىپ.
كۆتۇرۇپ شەهەرنىڭ كى غەرب سارىدە،
كى مەدفۇن ئەتىبان ئاتا يانىدا.
هەممە يۈز باشى كۇفرىدىن[152] قىلدى تەرس،
بۇ غەۋغايى هەم ئاخىرى بولدى فەست.
كەتۇر ساقىيا، بىزگە جامى فەرەھ،[153]
فەرەھ جامىدىن تولدۇرۇپ بىر قەدەھ.
ئانى قەترە تامدۇرمايىن سۇبفۇرەي،[154]
بولۇپ مەست يارىنىڭ ۋىسالىن سۇرەي.
ئەگەر قىلسە دىلبەر ۋىسالىن كەرەم،
ۋىسالى مەيدىن ئىچەي دەمبەدەم.[155]
بىلال بول، خامۇش سۆزنى قىلماي داراز،[156]

---

[145] ئىلك - قول، بىلەك.

[146] ئەدەم - يوق، يوقلۇق؛ نابۇت، ئۆلۈم.

[147] بىجىن - بېيجىڭ.

[148] چۇبۇق - چىۋىق.

[149] بارى - هەممىسى.

[150] قوبۇغ - قوۋۇق.

[151] نەئىش - جىنازا، تاۋۇت.

[152] كۇفر - دىنسىزلىق، كاپىرلىق.

[153] فەرەھ - خۇرسەنلىك، خۇشلۇق، كۆڭۈل خۇشلۇقى.

[154] سۇبفۇرەي - سۇمۇرەي.

[155] دەمبەدەم - ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈلدۈرمەي، ئارقىمۇ ئارقا.

[156] داراز - ئۇزۇن.

لەتىفە[157] كەلام تاپساڭىز قىلما ئاز.

بۇ چاڭموزە دېگەن خىتايچە سۆزدۇر، يەنى ئۆزۈن ساچ دېگەن بولۇر، ئاما[158] ئاتى يۇسۇفخان خوجا ئەردى، مۇسۇلمان ئەردى.

نەزم

بۇ چاڭموزە كىم ئەھلى ئىمان ئىدى،
ئۆزى ئەھلى ئىمان مۇسۇلمان ئىدى.
كى ساچلىغ ئۈچۈن ئانى چاڭموزە دەر،
كىشى كۆفرىدىن مەھمەلاتلارنى يەر.
ئاتا قويغان ئاتى يۇسۇفخان ئەرۇر،
ئاتاسى ئاتى ھەم ئۆمەرجان ئەرۇر.
قازائى ئالىھى[159] ئاڭا يۈزلەنىپ،
ئارادە خۇدا بىرلە مۇندا كەلىپ.
قازا يەتكەن ئەردى كېسىلدى باشى،
ئاڭا تەئىن[160] قىلماك بۇگۈن ئەي كىشى.
مۇسۇلمانغە تەئىن ئەتمەك ئەرمەس رەۋا،
رەۋا كۆرمەدىلەر رەسۇلى خۇدا.
ئۆلار روھىغە بىل، دۇئا ئەيلەگىل،
خۇدايىمغە ھەمدۇ سانا ئەيلەگىل.
بىلال ئەيددى مۇندا قىلىبان دۇئا،
بارىسىغە رەھمەت ئاتا قىل خۇدا.

بۇ ۋاقىئەغە قىرىق تۆرت يىل بولغان، تارىخىغە بىر مىڭ ئىكى يۈز توقسان توقۇزدا[161] بۇ نەزم تەھرىر قىلغاندۇر. ئات يىلى ماھ رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ[162] تۆرتى، دۈشەنبە كۈنىدە.

ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.[163]

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پەنى پوستدوكتور پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى؛ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

[157] لەتىفە - لەتىپە، نازۇك مەنىلىك سۆز، ئاجايىپ ھېكايە.
[158] ئاما - ئەمما، لېكىن.
[159] قازائى ئالىھى - خۇدانىڭ تەقدىرى.
[160] تەئىن - تەنە قىلىش، كىشىنىڭ نۇقسان ۋە كەمچىللىكلىرىنى يۈزىگە سېلىش.
[161] مىلادى 1882-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
[162] رەبىئۇلئەۋۋەل - ھىجرىيە كالىندارى بويىچە 3-ئاينىڭ نامى.
[163] قۇرئان ئايەتلىرىدىن پارچە بولۇپ، مەنىسى «توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر» دېمەك.

# گۈزەللىكتە ئۆرۈك چېچىكى، تەنتەنىگە تولدى ئېتىكى

## 2010- يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ غۇلجا ئۆرۈك چېچىكى ساياھەت بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر













مۇشتەرى بولۇڭ

رايونىمىز تەۋەسىدە ھەر دائىم «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئالاقىلەشكۈچى: خالمۇرات قېيۇمبەگ TEL:13899717142

مۇشتەرى بولۇڭ ● ئەسەر ئەۋەتىڭ ● قەدەم تەشرىپ قىلىڭ


ئىلى دەرياسى 2011.1


国际标准刊号：ISSN1005-8710 国内统一刊号：CN65-1057/I 邮发代号：58-75 零售价：6.00元